# «ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل ئەسلىمە»

## ــــ شىنجاڭدىن مۇراسىم كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىنغان ئەزىز مېھمانلارنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

□ مۇخبىرلىرىمىز يۈەن لىي، پەرىزات، شى شىن

«مەن جۇڭگودا تۇغۇلغانلىقىمدىن خۇشالمەن!»

«دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش كاتتا مۇراسىمى بىزگە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ جۇشقۇن كۈچىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى!»

«بىرلىكتە غەيرەت قىلايلى، يۇرتىمىزنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ قالتىس بولىدۇ»

…

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدىن كەلگەن ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ئىلغار، نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرى ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە تەكلىپ بىلەن نەق مەيداندا تەبرىكلەش يىغىنىنى كۆرۈپ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ دەقىقىگە ئورتاق گۇۋاھ بولدى.

### ■ ئانا ۋەتىنىم، سەندىن پەخىرلىنىمەن

سەھەر، تيەنئەنمېن مەيدانى، نەچچە يۈزمىڭ ئادەم بۇ يەرگە جەم بولغانىدى. شۇ تاپتا، بۇ يەردە قىلچىمۇ شاۋقۇن ـ سۈرەن يوق، پەقەت كىشىلەرنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۈتۈۋاتقان تەقەززالىق روھىي ھالىتىلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

سائەت 10دا، 70 پاي ھۆرمەت توپى ئېتىلىپ، تەبرىكلەش يىغىنى باشلاندى.

تيەنئەنمېننىڭ غەربىي كۆرۈش سۇپىسىدا، قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك خىزمەت كىيىمى كىيگەن، تارباغاتاي تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى تولى شۆبە ئىدارىسىنىڭ شوپۇرى خې خەنمىڭ چاقناپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنىڭ ھەيۋەتلىك، جۇشقۇن دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلگەنلىكىگە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى، شۇ پەيتتە، ئۇ ۋەتىنىنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنى، خەلقىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. «جۇڭخۇا پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ۋەتىنىنىڭ تەرەققىياتىدىن، ئىلگىرىلىشىدىن ئىپتىخارلاندىم!» دېدى خې خەنمىڭ.

تۇرپان شەھەرلىك پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ پېنسىيەگە چىققان كادىرى نۇردۇن ساتتار يېڭى جۇڭگو بىلەن تەڭ ياشتا بولۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئاڭلاپ، ھاياجانلانغان ھالدا ياش تۆكتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن جۇمھۇرىيەتنىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقىغا ئۆز كۆزۈم بىلەن گۇۋاھ بولدۇم. ھازىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ شۇنچە ياخشى، كۈنلىرىنىڭ شۇنچە بەختلىك بولۇشى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ».

«كۆرۈش سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ تەگسىز خىياللارغا چۆمدۈم. بىر خىل ئىپتىخارلىق بار، ۋەتەننىڭ قۇدرەت تېپىشىدىن كەلگەن، بىر خىل شەرەپ بار، ۋەتەننىڭ شانلىقلىقىدىن كەلگەن، بىر خىل ھاياجان بار، ۋەتەننىڭ يۈكسەكلىكىدىن كەلگەن، مەن بىر جۇڭگولۇق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، چەكسىز شەرەپ ھېس قىلدىم.» كۆرۈش سۇپىسىدا، ئاقسۇ شەھىرى قىزىل كۆۋرۈك كوچا باشقارمىسى قىزىل كۆۋرۈك مەھەللىسىنىڭ مۇدىرى ئايشەم ئەھمەت توختىماي سۈرەتكە تارتتۇۋاتاتتى، ئۇ كۆز ئالدىدىكى ھەممىنى قالدۇرماي ساقلىۋېلىشنى ئويلايتتى، «بۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل ئەسلىمە!»

### ■ شۇ پەيتتە ئىسسىق قانلىرىم ئۆركەشلىدى

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ھەرقايسى ئارمىيە تۈرلىرى سەپ تۈزۈپ، تاغنى تالقان قىلغۇدەك ھەيۋەت بىلەن توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىدى! نامايىش قىلىۋاتقان بېزەكلىك ئاپتوموبىللار، كىشىلەر توپى خۇددى رەڭدار ھەسەن ـ ھۈسەندەك ئۇزۇن كوچىنى داغدۇغىلىق تۇسكە كىرگۈزدى!

تانكا، جەڭ ئاپتوموبىلى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان قورال ـ جابدۇق چاسا ئەترىتى تولۇق قوراللىنىپ يولغا چىقتى، پاراتتىن ئۆتىدىغان ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ شوتىسمان ئۇچۇش ئەترىتى تيەنئەنمېن ئاسمىنىدىن گۈركىرەپ ئۆتكەندە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش جىنباۋ ئاپتوبۇس چەكلىك شىركىتىنىڭ شوپۇرى گۇ شياڭفېڭ ھاياجانلانغان ھالدا يان تېلېفونىنى ئېلىپ توختىماي سۈرەتكە تارتتى، «بەك ھاياجانلاندىم، بۇ ھازىرقى زامان جۇڭگو ھەربىيلىرىنىڭ كوللېكتىپ ‹ئۆزىنى نامايان قىلىشى› بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا ‹جۇڭگو كۈچى›نى نامايان قىلدى، شۇنداقلا دۇنيا تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت گۈزەل ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى».

كۆرۈش سۇپىسىدا، شىنجاڭ ۋۇشىن مىسچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ھىدايەت بەسرام زامانىۋىلاشقان قىسىمغا قاراپ، شادلىققا چۆمگەن نامايىشچىلار قوشۇنىغا قاراپ، كۈچەپ چاۋاك چېلىپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى. «پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىكى قانلار ئۆركەشلىگەندەك ھېس قىلدىم.» ئۇ مۇنداق دېدى: «ھەربىي پارات مۇراسىمى بەك ھەيۋەتلىك بولدى، قورال ـ جابدۇقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دۆلىتىمىزدە ياسالغانلىقى قەلبلەرنى لەرزىگە سالدى. ئامما نامايىشى كىشىگە ئىتتىپاقلىقنى، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ھېس قىلدۇردى».

ئۇچتۇرپان ناھىيەسى ئالغا بازارلىق دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى قۇربان نىياز مۇنداق دېدى: «ھەرقايسى چاسا ئەترەتلەرنىڭ مەزمۇت، كۈچلۈك قەدەملىرىنى، تاغنى تالقان قىلىدىغان ھەيۋىتىنى كۆرۈپ، ۋەتەننىڭ مۇشۇنداق بىر ھەيۋەتلىك قوشۇنى، مەدەنىي قوشۇنى، غالىب قوشۇنىدىن غۇرۇرلاندىم ۋە ئىپتىخارلاندىم. بىر جۇڭگولۇق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مۇشۇ پەيتتە، بىھېساب سۆزلىرىمنى بىر جۈملىگە يىغىنچاقلىدىم، ۋەتەننىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشىغا، دۆلەتنىڭ تىنچ ـ ئامان بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەمىز ياشىسۇن!»

### ■ ھەربىر ئىشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەيمىز

«كەلگۈسىدىكى جۇڭگو چوقۇم تېخىمۇ گۈللىنىدۇ، قۇدرەت تاپىدۇ، كەلگۈسىدىكى شىنجاڭ چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!»

مۇراسىمنى كۆرۈشكە كەلگەن شىنجاڭلىق ئەزىز مېھمانلار بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مۇستەھكەم غايە ـ ئېتىقاد، بوشاشماي كۈرەش قىلىش روھى بىلەن ھەربىر ئادەتتىكى ئىشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەيمىز.

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى شۆ چېن مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە جۇڭگونىڭ تۈنۈگۈنى، بۈگۈنى ۋە ئەتىسى تەسۋىرلەندى، بىر مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يېڭى ئۇزۇن سەپەر يولىنى ئۆزۈم ياخشى مېڭىپلا قالماي، يەنە ئۈچ چى كېلىدىغان مۇنبەردە مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىپ، داۋاملىق كۈرەش قىلىش روھىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى باتۇرلۇق بىلەن دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭىدىغان ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەر، يول ئاچقۇچىلار، تۆھپە قوشقۇچىلاردىن بولۇپ، چوقۇم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىش جەريانىدا رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا تەربىيىلەيمەن!

«بۇ قېتىم بېيجىڭغا قەلبىم مىننەتدارلىققا تولغان ھالدا كەلدىم.» گۇ شياڭفېڭ دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىنى كۆرۈشكە ئىككىنچى قېتىم قاتناشقان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ، دۆلەت بەرگەن ئەڭ ئالىي شەرەپ، مەڭگۈ ئەستە ساقلايمەن، ھەر مىللەت ئاممىغا تىرىشىپ ياخشى مۇلازىمەت قىلىمەن».

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 10 ـ شىسى 185 ـ تۇەن سۇچىلىق پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى، چېگرا قوغدىغۇچى ما جۇنۇۋ مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن ھەسسىلەپ تىرىشىپ، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىنى ياخشى قوغدايمەن.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك مەركىزىي يەسلىنىڭ باشلىقى مېھرىگۈل ھېكمەخان ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز تىرىشچانلىقىمىز ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىمىزنى تەقدىم قىلساق، ئاندىن پارتىيە ۋە دۆلەتكە ئەڭ ياخشى جاۋاب قايتۇرغان بولىمىز».

«مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم، بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايمىز…» تيەنئەنمېن مەيدانىدا «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» دېگەن ناخشا ياڭرىدى. شىنجاڭدىن تەكلىپ بىلەن مۇراسىم كۆرۈشكە كەلگەن ئەزىز مېھمانلار كىشىلەر توپى بىلەن بىرلىكتە قوللىرىنى ئۇدارغا كەلتۈرۈپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تەڭ ناخشا ئېيتتى. كۆپچىلىك ھېسسىياتىنى چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ساداغا ئايلاندۇردى: ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ياشىسۇن! ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياشىسۇن! ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقى ياشىسۇن!

# «گۈزەل شىنجاڭ» بېزەكلىك ئاپتوموبىلى كۆزنى قاماشتۇرۇپ نامايان بولدى

مۇخبىرلىرىمىز ما جيەنلۇڭ، لىيۇ مېڭمېڭ خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائەت 12 ئەتراپىدا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ ئامما نامايىشىدىكى «گۈزەل شىنجاڭ» بېزەكلىك ئاپتوموبىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدا نامايان بولدى.

شىنجاڭ بېزەكلىك ئاپتوموبىلىنىڭ ئاساسىي گەۋدە ئاملى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا سىمۋول قىلىنغان چوڭ ئانار شەكلى بولۇپ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىگە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن بەخت تىلەيدىغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى، دۇنياغا شىنجاڭ تۇپرىقىدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋە تارىخىي مۆۋەپپەقىيەتلەرنى نامايان قىلىپ بەردى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە دۆلەت بايرىمىنى خۇشال ـ خۇرام تەبرىكلەپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشتەك گۈزەل يۆگىمە رەسىمنى سىزىپ چىقتى.

شىنجاڭ بېزەكلىك ئاپتوموبىلىنىڭ لايىھەلىنىپ ياسىلىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ «ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشى»نى كۈچەپ نامايان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، «گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇش» ۋە «ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي ـ ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش» قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

بېزەكلىك ئاپتوموبىلنىڭ شەكلىنى لايىھەلەش، سىن ئىشلەش، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ يېڭى جۇڭگوغا بولغان ئەڭ سەممىي، ئەڭ تولۇپ تاشقان بەخت تىلەش ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلىدى، شىنجاڭ گەرچە پايتەخت بېيجىڭدىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبى باشتىن ـ ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى، چىڭ تۇتاشقانلىقىنى نامايان قىلدى.

بۇ بىر يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا بىلەن ياسالغان چوڭ ئانار بولۇپ، بىر پۈتۈن شەكلى رەڭگارەڭ چوڭ مېۋە تەخسىسىگە ئوخشايدۇ، مېۋە تەخسىسىگە شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ھەر خىل مېۋىلىرى تىزىلغان بولۇپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ، يېگۈسىنى كەلتۈرىدۇ. چوڭ ئانار شەكىللىك شارسىمان ئېكرانغا رەڭگى توق، ئوبرازى ئەينەن غايەت زور ئانار شەكلى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئانارنىڭ دانىلىرىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئۆسمۈر ـ بالىلارنىڭ خۇش چىرايلىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كۆرۈنۈپ، تەبەسسۇم پارلاپ تۇرغان ھەربىر چىرايدىن يېڭى جۇڭگوغا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن بەخت تىلەش جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ناغرىسى شەكلىدىكى سەھنىدە، بايراملىق كىيىملىرىنى كىيگەن 13 ئاساسلىق مىللەتتىن بولغان شىنجاڭ ھەر مىللەت ياشلىرى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» شىنجاڭنىڭ بەخت تىلىشىنى نامايان قىلدى.

بېزەكلىك ئاپتوموبىل يەنە قاپارتما نەقىش، رەڭلىك سىزما قاتارلىق كۆپ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتى، يايلاق مەدەنىيىتى، ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەدەنىيىتى، شەھەر مەدەنىيىتى، يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى نامايان قىلغانىدى. بۇ ئامىللار كۆڭلەن سىزما سەنئەت ئۇسۇلى ئارقىلىق بېزەكلىك ئاپتوموبىلنى ئوراپ تۇرغان رەڭدار لېنتىلار ئارىسىغا ئەپچىللىك بىلەن يۇغۇرۇلغانىدى.

جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يۆگىمە ئېكراندا، كىنو لېنتىسىنىڭ تەكرار كۆرسىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ مەنزىرىسى فىلمى كۆرسىتىلىپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئايلىنىپ تۇرىدىغان يۆگىمە رەسىم نامايان قىلىندى، ئۇنىڭ رەڭلىرى كۆركەم، نۇرلىرى يارقىن ئىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش بېزەكلىك ئاپتوموبىلىنى لايىھەلەش ـ ياساش مەخسۇس خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شۇ رۇيجۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ بېزەكلىك ئاپتوموبىلىنىڭ لايىھەسىدە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش زىچ چۆرىدىلىپ، بىر ئىستېتىكىلىق شىنجاڭ يۆگىمە رەسىمى نامايان قىلىندى. «بېزەكلىك ئاپتوموبىلنى لايىھەلەش ـ ياساشتا باش تېما ئىدىيەسى، مول ماھىيەتلىك مەزمۇن بەدىئىي ئىپادىلەش، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ نامايان قىلىش بىلەن زىچ يۇغۇرۇلغان، ئۇنىڭدا يىراقتىن قارىغاندا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، يېقىندىن قارىغاندا ناھايىتى مول بولغان، ھەرىكەتلىك قارىغاندا ئىنتايىن خۇشاللىق بېغىشلايدىغان، تەپسىلىي قارىغاندا ماھىيەتلىك مەزمۇنغا ئىگە بولغان كۆپ قاتلاملىق، ئىستېتىكىلىق نامايان قىلىش ئۈنۈمى ئىپادىلەنگەن» دېدى شۇ رۇيجۈن.

«گۈزەل شىنجاڭ» بېزەكلىك ئاپتوموبىلى يەنە بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە باغچىسىدا ئاممىغا كۆرگەزمە قىلىنىدۇ.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ




10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، «گۈزەل شىنجاڭ» بېزەكلىك ئاپتوموبىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدىن ئۆتتى.
□ مۇخبىرىمىز لى رۇي فوتوسى